1ـــقىسىم

كورىيە رەسىملىك كىتابلىرى

تەرجىمە قىلىپ، تۈزگۈچى:ناۋال

ئىزاھات

بۇ بىر يۈرۈش رەسىملىك كىتابلار كورىيە يازغۇچىلىرى يازغان، كورىيە، كانادا، فرانسىيە، گوللاندىيە، ئىتالىيە رەسساملىرى رەسىمىنى سىزغان يۈرۈشلۈك قاپىيەلىك ئىنگلىسچە باللار رەسىملىك كىتابلىرى بولۇپ، سەنئەت، ساغلاملىق، پەن ـ تېخنىكا، جەمىيەت مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق تەرەپلەردىكى تونۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، 0 ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان يەسلى يېشىدىكى باللارغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. بولۇپمۇ يەسلى مائارىپىدا ئىشلىتىشكە تولىمۇ ماس كېلىدىغان كىتابلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ رەسىملىك كىتابلارنىڭ ۋىدىيولۇق كارتون

شەكلى،كىتابى قاتارلىقلار بولۇپ،كارتون شەكلى ئارقىلىق كىتابتا ئۆگەنلەرنى ماسلاشتۇرسا باللارغا

بولغان تەربىيە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.بۇ كىتابلار يېڭى زىللاندىيە يەسلى باللار ئەدەبىياتى پىشۋاسى،دۇنياۋى مەشھۇر قاپىيەلىك رەسىملىك كىتابلار يازغۇچىسى جوي كاۋلىينىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن بولۇپ،كىتابلارنىڭ تىلى شۇنچىلىك ئاددىي،ئىخچام نەپىس ۋە

گۈزەل،قايتا تەكرارلىنىشچانلىقىغا ئېتىبار بەرگەن،قاپىيىداشلىق تۈيغۇسى ئىگە.كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ تولىسى كورىيەلىك ئوقۇتقۇچىلىق،يەسلى مائارىپى ۋە يازغۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شۇنداقلا يەنە رەسىملىك كىتاب ئىجادىيىتى قىلىدىغان ئايال يازغۇچىلار

بولۇپ،ئايالالارنىڭ قەلىمىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن ئاياللىق،ئانىلىق قەلبى بىلەن تېخىمۇ نەپىس،نازۇك،باللار تىلىغا،قەلبىگە،چۈشىنىشكە ،باللارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تولىمۇ يېقىن.رەسىملەرنى كورىيە،فىرانسىيە،كانادا،ئىتالىيە،گوللاندىيەلىك رەسساملار سىزغان،باللارغا مول بولغان سەنئەت تۈيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.تىلىنىڭ ئاددىي،نەپىس بولۇشى بىلەن بىرگە سۈرەتلەرمۇ ئاددىي،بىز كۆرۈپ كۆنگەن باشقا رەسساملارنىڭ رەسىملىك كىتابلىرىدەك ئادەتتىن تاشقىرى قېنىق،قايناق رەڭلەر ،چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇن ياكى چوڭلارمۇ ناھايىتى تەستە چۈشىنىدىغان،يوشۇرۇن مەزمۇنلار يوق،ئەمما تەربىيىۋى ئەھمىيىتى،باللار تىلىغا،روھى ۋە قەلبىگە يېقىن بولۇشى بىلەن ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئىنتايىن ياخشى ئوقۇشلۇق،ياخشى تەربىيە ۋە ئىستېتىك زوق بەرگۈچى كىتابلار ھېسابلىنىدۇ.ئەسلى ئەسەر تىلى ئىنگلىزچە

بولۇپ، ئىنتايىن ئاددىي، چۈشىنىشلىك سۆزلەر ئارقىلىق مەزمۇن ئىپادىلەنگەچكە، چۈشىنىشمۇ ئاسان، يەڭگىل ۋە رىتىملىق. ھەربىر ئەسەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، ساناش، ھايۋاناتلارنىڭ ئاۋازى، ئويۇنچۇقلارنى تونۇش، مۇھەببەتنى ئىپادىلەش، ھاۋا ۋە پەسىل، رەسىم ۋە سەنئەت، ھەمكارلىق، چوڭ ـ كىچىكلىكنى تونۇش، ھاياتلىق ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش، ھايۋاناتلارنىڭ ئادىتى، يېمەك ۋە ئېغىرلىق، شەكىل تونۇش، ھاياتلىق ۋە مىننەتدارلىق، تەشەككۈر بىلدۈرۈش، سالاملىشىش، ئەدەپ ـ قائىدە قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. مەزمۇنى تولىمۇ ساغلام ۋە پاكىز.

بالىلارغا كىتابنى ئوقۇپ، چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ۋىدىيو ـ كارتوننى قويۇپ بەرسە ئۈنۈمى ۋە ئەھمىيىتى تېخىمۇ ياخشى بولغان رەسىملىك كىتابلار ھېسابلىنىدۇ.

مۇندەرىجە

ئىزاھات.............................1

كېسىش ۋە تىكىش......................4

دىڭ ـ داڭ.............................31

قىزىل لىڭگىرتاقتاق....................48

تېچلىقمۇ..........................73
قوي ساناش..........................91
ئايغا چىقىش..........................111
سېھىرلىك سۆپۈرگە..........................133
سۆيۈپ قويۇش..........................160
رەھمەت سىزگە..........................175
تاتلىق پىرەنىك..........................202
رەڭلىك موم قەلەم يولى..........................237
مەن سېنى كۆرۈپ قالدىم..........................253
ھەسەل ھەرىسى نېمە كۆردى؟..........................291
كېلىڭلار بىللە ئوينايلى!..........................313
قىزىل شار..........................342
ئاقچاق ۋە قارىچاق..........................369
باھارنى ئىزدەش..........................391
بىر تال كىچىك يېسىپۇرچاق..........................420
ئۈچ ئېيىق..........................*438*

Scissors And Needle

كېسىش ۋە تىكىش

ئاپتورى: جىن يىلڭ ئېر (كورىيە)

رەسسام: پوپ (ئەنگلىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

پېرىخون قىزچاق بىر ئۆيگە موھتاج بوپتۇ.

ئۇ قانداق قىلار؟

گرت ،گرت ،گرت .



ئۇ ئۈچ بۇلۇپ ۋە تىك تۆت بۇلۇڭ كېسىپتۇ.

تىكىپتۇ، تىكىپتۇ، تىكىپتۇ

ئۇ كەسكەنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تىكىپتۇ.

ئەمدى ئۇنڭ

ئۆزى ۋە مۈشۈكى ئۈچۈن بىر ئۆيى بار بوپتۇ.



ئۇ چەمبرەك ۋە تىك تۆتبۇلۇپ كېسپتۇ.

ئۇ كەسكەنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تىكىپتۇ.

بىر ئاپلىسىن دەرىخى ۋە بىر ئالما دەرىخى!

نېمە دېگەن ئەقىللىق پېرىخۇن قىزچاق ھە بۇ!

ئۇ چەمبىرەك ۋە ئۈچ بۇلۇڭ كېسىپتۇ.

ئۇ ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ تىكىپتۇ.

ئۇ بىر بېلىق كۆلچىكى ياساپتۇ!

بۆ پیرىخۆن یەنە بىر نەرسگە موهتاج بوپتۇ.

ئۇ چەمبىرەك كېسىپتۇ



ئۈچ بۇلۇڭ ۋە تىك تۆت بۇلۇڭ كېسسپتۇ.

تىكىپتۇ، تىكىپتۇ، تىكىپتۇ!

ئۇ بىر كىچىك پېرىخۇن دوستىنى ياساپتۇ!

بۇ ئىككى كىچىك پەرىخۇن بەكمۇ خۇشال ئويناپتۇ.

گىرت،گىرت! ئۇلار ئاي ياساپتۇ.

تىكىپتۇ، تىكىپتۇ. ئۇلار يۇلتۇزلارنى ياساپتۇ.

ئۇلار ئۇخلاپ قالغان چاغدا

مۇشۇك يىپ ۋە يىڭنىنى قولىغا ئاپتۇ.

ئەتىگەندە

ھەممە يەرگە مۆشۈكلەر تولۇپ كېتىپتۇ.



Tick tock!

دىڭ ـ داڭ!

ئاپتورى:جاڭ خۇ جىڭ (كورىيە)

رەسسام:لى يۇەن شىپ،شاڭ شۇ (كورىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

کۏن چىقتى.



دىك ـ داك!هازىر سائەت ئالتە بولدى.

كىچىك ئورانگۇتان ئويغاندى.



هايۋاناتلار بىر ئاۋازنى ئاڭلاشتى.

- دىك ـ داڭ! ھازىر سائەت توققۇز بولدى.

كىچىك ئورانگۇتان بىر دەرەخ شېخىغا

دوستى بىلەن بىللە ئېسىلىۋالدى.



هايۋاناتلارنىڭ قورسىقى ئاچتى.



- دىك ـ داك! هازىر سائەت ئون ئىككى بولدى.

كىچىك ئېيىقچاق ھەدىسى بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يېدى.



كۈن ئولتۇردى.



ـ دىڭ ـ داڭ!ھازىر كەچقۇرۇن سائەت بەش بولدى.

كىچىك ئورانگۇتان دۈمبىسىنى بىر قېتىم قاشلىتىۋالدى.

ئۇ بەكمۇ راھەتلىنىپ كەتتى.

ئاي كۆتۈرۈلدى.

- دىك ـ داك!ھازىر سائەت سەككىز بولدى.

كىچىك ئورانگۇتان چۈشىدە ئۇچۇۋاتقىنىنى كۆرمەكتە ئىدى.



The Red See－saw

قىزىل رەڭلىك لىڭگىرتاقتاق

ئاپتورى:لى مىن جىن (كورىيە)

رەسسام:جىن شۇ جىڭ (كورىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال



ئىككى تىمساھ دەپتۇ:



بۇ قىزىل لىڭگىرتاقتاقتا ئوينايلى!

مەن سەندىن ئېغىر،چۈنكى.....

مېنىڭ ئاغزىمدا بىر قۇش بار.



ئىككى كىڭگورۇ دەپتۇ

بۇ قىزىل لىڭگىرتاقتاقتا ئوينايلى!

مەن سەندىن يەڭگىل

مەن سەندىن ئېغىر،چۈنكى

مېنىڭ خالتامدا بالام بار.

ئىككى ساقىيقۇش دەپتۇ



بۇ قىزىل لىڭگىرتاقتاقتا ئوينايلى!

مەن يېنىك



مەن ئېغىر، چۈنكى



مېنىڭ ئاغزىمدا بېلىق بار.

ئىككى پىل كەپتۇ.

بۇ قىزىل لىڭگىرتاقتاقتا ئوينايلى! ـ دەپتۇ ئۇلار.



قاراس!

ئاھ ياق! ئاھ مېنىڭ!

لىڭگىرتاقتاق سۇنۇپ كەتتى!

بىزنىڭ قىزىل لىڭگىرتاقتىقىمىز!



كەچۈرۈڭلار! ـ دەپتۇ پىللار.

بىز سىلەرنى ئۈستۈمىزگە مىندۈرەيلى

دەپتۇ پىللار.

Hello!

تېچلىقمۇ!

ئاپتور:جىن يى شى(كورىيە)

رەسسام:باۋلىنا كۇرەيس (فرانسىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال



قۇياش كېپىنەككە سالام قىپتۇ.

ـ تېچلىقمۇ كېپىنەك؟

The butterfly goes flap flap flap and flies away.

كېپىنەك لەپ ـ لەپ ـ لەپ قىلىپ ئۇچۇپ يىراقلارغا كېتىپتۇ.

The butterfly greets the bee.

Hello Bee!

كېپىنەك ھەسەل ھەرىسگە سالام قىپتۇ.

ـ تېچلىقمۇ ھەسەل ھەرىسى!

The bee goes buzz, buzz, buzz and flies away.

بۇ ھەسەل ھەرىسى غوڭ ،غوڭ ،غوڭ قىلغىنىچە ئۇچۇپ يىراقلارغا كېتىپتۇ.

The bee greets the rubbit.

Hello Rubbit!

ھەرە توشقانغا سالام قىپتۇ.

تېچلىقمۇ توشقان!

The rubbit goes hop, hop, hop and across the grass.

بۇ توشقان سەكرەپ، سەكرەپ، سەكرەپ ئوتلاقتىن كېسىپ ئۆتۈپتۇ.

The rubbit greets the frog.

Hello Frog!

توشقان پاقىغا سالام قىپتۇ.

تېچلىقمۇ پاقا!

The frog goes croak,croak croak on the poun.

بۇ پاقا كۆلچەكتە كۇر،كۇر قىپ كۇرۇلداپتۇ.

The frog greets the duck.

Hello Duck!

پاقا ئۆردەككە سالام قىپتۇ.

تېچلىقمۇ ئۆردەك!

The duck goes quak,quak,quak to the farm.

بۇ ئۆردەك دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ غاق،غاق قىپ غاقىلداپتۇ.

The duck greets the hen.

Hello Hen!

ئۆردەك مېكيانغا سالام قىپتۇ.

تېچلىقمۇ مېكيان!

The hen goes cluck cluck cluck waddles away.

بۇ مېكيان قوق ،قوق قىلىپ قوقىلدىغىنىچە يىراققا كېتىپتۇ.

The hen greets the lamb.

Hello Lamb!

مېكىيان قوزىچاققا سالام قىپتۇ.

تېچلىقمۇ قوزىچاق!

The lamb goes Baa baa baa and runs to the pig.

بۇ قوزىچاق مە،مە،مە قىلىپ مەرىگىنىچە چوشقىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپتۇ.



The lamb greets to the pig.

Hello pig!

قوزىچاق چوشقىغا سالام قىپتۇ.

تېچلىقمۇ چوشقا!



But the pig is asleep.

Hello! Hello !Hello !Hello!...

بىراق بۇ چوشقا ئۇخلاپ قالغانىكەن.

تېچلىقمۇ! تېچلىقمۇ!تېچلىقمۇ؟تېچلىقمۇ؟!...



The pig does not wake up.

چوشقا ئۇيقۇدىن ئويغىناي دېمەپتۇ.

The lamb calls the others.

They all shout.

قوزىچاق باشقىلارنى چاقىرىپ كەپتۇ.

ئۇلار ھەممىسى توۋلىشىپتۇ.

Hello pig!

Hello!

تېچلىقمۇ چوشقا!!!

تېچلىقمۇ!

‘I am awake’ says the pig.

ـ مەن ئويغاندىم ـ دەپتۇ چوشقا.

Counting sheep
قوي ساناش

ئاپتورى:جىن سۈي شى(كورىيە)

رەسسام:لىۋ رادىك(فرانسىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

I am awake.

مەن ئۇيقۇمدىن ئويغىنىپ كەتتىم.

I cannot sleep.

ئۇخلىيالمايلا كەتتىم.



I will count sheep.

شۇنىڭ بىلەن قويلارنى ساناپ باقماقچى بولدۇم.

One, two, three, four, five!

بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش!

Suddenly, lots of sheep rush in.

تۇيۇقسىز،نۇرغۇن قويلار ئارىغا چۈشتى.

بۇ بىر پادىچى ئىت.

I will count sheep dogs.

مەن پادىچى ئىتلارنى سانىماقچى بولدۇم.

One, two, three , four , five!

بىر ،ئىككى ،ئۈچ ،تۆت ، بەش!

Suddenly, there are lots of sheep dogs.

تۇيۇقسىز،بۇيەردە نۇرغۇن پادىچى ئىتلار پەيدا بولدى.

Oh, here is a wolf.

هوي، بۇ بىر بۆره.



I will count wolves.

مەن بۆرىلەرنى سانىماقچى بولدۇم.

One, two, three, four, five!

بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش!

Suddenly, there are wolves everywhere.

تۇيۇقسىز،ھەممە يەرگە بۆرە يېغىپ كەتتى.

But here comes to hunter.

بىراق بۆيەرگە ئوۋچى كەلدى.

To scare away the wolves.

بۆرىلەرنى چۆچىتىپ يىراققا قوغلىۋەتمەكچى بولدى.

The hunter lies on the ground.

بۇ ئوۋچى يەردە ياتتى.

And aims his gun.

ملتىقنى قارىغا ئالدى.

But the hunter is so tired.

بىراق بۇ ئوۋچى ھېرىپ-چارچاپ كەتكەندى.

He goes to sleep.

ئۇ ئۇخلاپ قالدى.

The wolves go to sleep.

بۆرىلەر ئۇخلاپ قالدى.

The dogs go to sleep.

ئىتلار ئۇخلاپ قالدى.

The sheep go to sleep.

قوي ئۇخلاپ قالدى.

I go to sleep, too.

مەنمۇ ئۇخلىدىم.

Co to the moon

ئايغا چىقىش

ئاپتورى:جىن چېڭ ئېن(كورىيە)

رەسسام:جىن جېن خې(كورىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

Let’ s go to the moon!

ئايغا چىقايلى!

Cried one rooster.

دەپ چىللاپتۇ بىر خوراز.



That will be fun!

بۇ كۆڭۈللۈك ئىش بولغۇدەك!



Said two foxes.

دەپتۇ ئىككى تۆلكە.

We want to go too!

بىزمۇ بارىمىز!

Said three monkeys.

دەپتۇ ئۈچ تال مايمۇن.



Let’ s go! Let’ s go!

ماڭايلى! ماڭايلى!



Said four ducks.

دەپتۇ تۆت دانە ئۆردەك.

We want to go!

بىزمۇ بارىمىز!

Said five cats.

دەپتۇ بەش تال مۈشۈك.



To the moon! To the moon!

ئايغا! ئايغا!



Said six rabbits.

دەپتۇ ئالتە توشقان.



We want fun!

بىزمۇ خوشاللىققا موھتاج!



Said seven dogs.

دەپتۇ يەتتە تال ئىت.

We want to go too!

بىزمۇ بارىمىز!



Said eight squirrels.

دەپتۇ سەككىز تيىن.



We are going to the moon!

بىز ئايغا چىقماقچى!



Said nine turtles.

دەپتۇ توققۇز تاشپاقا.

We will go up!

بىز چىقالايمىز!



Said ten frogs.

دەپتۇ ئون تال پاقا.

Up, up, up…they went!

ئۈستىگە، ئۈستىگە، ئۈستىلەپ. . .ئۇلار ئايغا يېتىپتۇ!

Down ,down, down they went!

پەسكە ،پەسكە ،پەسكە. . .ئۇلار يەرگە چۈشۈپتۇ!

Down, down, down they went!

Splash!

چولتوق!!!...

We went to the moon! They all said.

بىز ئايغا چىقتۇق! ـ دەپتۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى.

Down ,down, down they went!

پەسكە،پەسكە،پەسكە...ئۈلار يەرگە چۈشۈپتۇ!

Down, down, down they went!

Splash!

چولتوق!!!...

We went to the moon! They all said.

بىز ئايغا چىقتۇق! ـ دەپتۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى.



The magic broomsticks

سېھرلىك سۈپۈرگە

ئاپتورى:لى يۆەن چىلڭ(كورىيە)

رەسسام:لىن يىلڭ لەن (كورىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

The big magic broomstick.

چوڭ سېھىرلىك سۈپۈرگە.

An the little magic broomstick.

ۋە كىچىك سېھىرلىك سۈپۈرگە.



Liked to have fun.

قىزىقارلىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن.

They said

ئۇلار شۇنداق دەپتۇ:

One， two， three ，change!

بىر، ئىككى، ئۈچ، ئۆزگەر!

They changed into a big car and a small car.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر چوڭ پىكاپ ۋە بىر كىچىك پىكاپقا ئۆزگىرەپتۇ.

Bang! Bang! The cars went fast. zoom! Zoom

غوڭ! غوڭ! پىكاپلار ئۇچقاندەك مېڭىپتۇ. ۋىڭ! ۋىڭ!

Oh no! they were going into the sea!

ئاھ،ياق! ئۇلار دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ!

One, two, three change!

بىر،ئىككى،ئۈچ ئۆزگەر!

They changed into a big boat

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر چوڭ كېمە

And a small boat.

ۋە بىر كىچىك كېمىگە ئۆزگىرىپتۇ.

The boats went fast. splash! splash!

بۇ كېمىلەر ئۇچقاندەك ئۈزۈپتۇ.چولتوك! چولتوك!

Oh no! the sea is too big!

ئاھ،ياق! دېڭىز بەكمۇ چوڭكەن!

One，two，three change!

بىر،ئىككى،ئۈچ ئۆزگەر!



They changed into a big airplane and a small airplane.

ئۇلار بىر چوڭ ئايروپىلان ۋە بىر كىچىك ئايروپىلانغا ئۆزگىرىپتۇ.

I

The airplane is flew over the town.

بۇ ئايروپىلانلار بازارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ.

Oh no! A storm!

ئاھ،ياق! بوران - چاپقۇن!

Rumble crack! Rumble crack!

گۈلدۈر - غالدۇر! گۈلدۈر - غالدۇر!

One, two, three change!

بىر،ئىككى،ئۈچ ئۆزگەر!

They changed into a big umbrella and a small umbrella.

ئۇلار بىر چوڭ كۈنلۈك ۋە بىر كىچىك كۈنلۈككە ئۆزگىرىپتۇ.

The umbrellas saw some boots.

بۇ كۈنلۈكلەر بىرقانچە ئۆتۈكلەرنى كۆرۈپتۇ

Two big boots and two little boots.

ئىككى چوڭ ئۆتۈك ۋە ئىككى كىچىك ئۆتۈكنى(كۆرۈپتۇ)

The boots come closer and closer.

بۇ ئۆتۈكلەر ئۇلارغا يېقىنلىشىپتۇ.

The boots changed into the a big witch and small witch.

بۇ ئۆتۈكلەر بىر چوڭ پېرىخۇن ۋە بىر كىچىك پېرىخۇنغا ئۆزگىرىپتۇ.

“good umbrellas” said the witches.

ياخشى كۈنلۈكلەركەن ـ دەپتۇ پېرىخونلار.

But the sun come out.

بىراق قۇياش چىقىپتۇ.



One, two, three change!

بىر،ئىككى،ئۈچ ئۆزگەر!

The umbrellas changed into a big broomstick and a little broomstick.

بۇ كۆنلۆكلەر بىر چوڭ سۈپۈرگە ۋە بىر بىر كىچىك سۈپۈرگىگە ئۆزگىرىپتۇ.



A little kiss

سۆيۈپ قويۇش

ئاپتورى:جىن سۈي شى(كورىيە)

رەسسام:جىن روڭ شيۇ

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

Smooch!

!هۇمما

Daddy Rabbit gives Baby Rabbit a little kiss.

دادا توشقان بۆجەننى تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.

Baby Rubbit jumps up and down.

بۆجەن (خۇشاللىقىدىن) سەكرەپ ـ تاقلاپ كېتىپتۇ.

Smooch!

هۇمما!

Daddy duck gives Baby duck a little kiss.

دادا ئۆردەك ئۆردەكچاقنى تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.

Baby duck flaps her wings.

ئۆردەكچاق (خۇشاللىقىدىن) قاناتلىرىنى قېقىپ كېتىپتۇ.

Smooch!

ھۇمما!

Daddy bear gives Baby bear a little kiss.

دادا ئېيىق ئېيىقچاقنى تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.

Baby bear laughs and laughs.

ئېيىقچاق (خۇشاللىقىدىن) كۈلۈپ كېتىپتۇ.

Smooch!

ھۇمما!

Baby monkey gets a little kiss from Mummy Monkey.

مايمۇنچاقنىڭ ئانىسى مايمۇنچاقنى تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.

Baby monkey swings and swings.

مايمۇنچاق (خۇشاللىقىدىن) (دەرەخ شاخلىرىغا يامىشىپ) ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

Smooch!

ھۇمما!

Baby mole gets a little kiss from Daddy mole.

دادا تۇلۇمچاشقان بالا تۇلۇمچاشقاننى تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.

Smooch!

ھۇمما!

Baby mole digs and digs.

تۈلۈمچاشقانچاق (خۇشاللىقدىن) يەر تېشىپ كېتىپتۇ.

Smooch!

!هۇمما

Daddy fish gives Baby fish a little kiss.

بېلىق ئاتا بېلىقچاننى تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.

Baby fish blows bubbles.

بېلىجان (خۇشاللىقىدىن) كۆپۈكچە پۈۋلەپ كېتىپتۇ.



Smooch!

ھۆمما!

Daddy gives Baby a little kiss.

دادىسى بوۋىقىنى تاتلىققىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.

Baby smiles and goes to sleep.

بوۋاق (خۇشاللىقىدىن) كۈلۈمسىرەپتۇ ۋە ئۇخلاپ قاپتۇ.

thank you!

رەھمەت سزگە!

ئاپتورى:پۇ ئېن جاڭ (كورىيە)

رەسسام:جن رۇلن (كورىيە)

تەرجمە قلغۇچى:ناۋال

A little plant

كىچىككىنە بىر تال ئۆسۈملۈك

Comes out of the ground.

تۇپراقتىن ئۈنۈپ چىقىپتۇ.



Where am I?

مەن نەدە؟

What is that?

A new plant.

It looks sad!

بىرىنچى چۈمۈلە: ئاۋۇ نېمە؟

ئىككىنچى چۈمۈلە: بىر يېڭى ئۆسۈملۈك.

ئوٰچنچی چوٰموٰله: ئۇنىڭ كۆڭلی يېرىمدەك كۆروٰندۇ.

The little plant cried

ئۇ كىچىك ئۆسوٰملوٰك يىغلاپ ساپتۇ

I’ am so lonely!

مەن بەك يالغۇز!

Three ladybugs flew down.

ئۈچ تال خانقىز ئۇچۇپ كەپتۇ.

“We will be your friends” they said.

بىز سەن بىلەن دوست بولىمىز ـ دەپتۇ ئۇلار.

“Thank you!” said the plant.

رەھمەت سلەرگە! ـ دەپتۇ ئۆسۈملۈك.

The sun was very hot.

قۇياش نۇرى ھاۋانى بەكمۇ ئىسسىتىۋېتىپتۇ.

“ah” cried the plant. “I am so hot!”

ئاھ! ـ دەپتۇ ئۆسۈملۈك ـ مەن بەكلا ئىسسىپ كەتتىم!

Along come a butterfly.

بىر كېپىنەك ئۇچۇپ كەپتۇ.

“I will fan you with my wings”. she said to the plant.

ـ مەن سېنى قاناتلىرىم بىلەن يەلپۈپ قويىمەن ـ دەپتۇ كېپىنەك ئۆسۈملۈككە.

“Thank you!” Said the plant.

رەھمەت سىزگە! ـ دەپتۇ ئۆسۈملۈك.

The night was very dark.

كېچە بەكمۇ قاراڭغۇ.

“Ah! I’ am scared!” said the little plant.

ئاھ! مەن قورقۋاتىمەن! ـ دەپتۇ كىچىك ئۆسۈملۈك.

Five fireflies flew to the little plant.

بەش تال پارقىراق قوڭغۇز كىچىك ئۆسۈملۈكنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇ.



“don’t be scared!” we’ll make light for you!

قورقمىغىن! بىز ساڭا نۇر چېچىپ بېرىمىز!

“Thank you!” Said the plant.

رەھمەت سىلەرگە! ـ دەپتۇ ئۆسۈملۈك.



A strong wind blew.

كۈچلۈك شامال چىققىلى تۇرۇپتۇ.

The plant bent over.

ئۆسۈملۈك لڭشپ ـ ئېگلپ كېتپتۇ.

“Ah! The wind is too strong!” Cried the plant.

ئاھ!بۇ شامال نېمانچىمۇ قاتتىق چىقىدىغاندۇ! ـ دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ ئۆسۈملۈك.

Two stag beetles said ‘ Don’t worry plant!’ we will hold you!

ئىككى تال بۇغا مۈڭگۈز قۇرتى ئۇنىڭغا دەپتۇ:ئەنسىرىمە ئۆسۈملۈك! بىز سېنى تۇتۇۋالىمىز!



"Thank you!" said the plant.

رەھمەت سلەرگە! ـ دەپتۇ ئۆسۈملۈك.

The rain come down. pitter - patter! pitter - patter!

يامغۇچ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. تورۇك - تىرىق! تورۇك - تورۇك!...

The insects needed shelter. where would they go?

ھاشاراتلار يامغۇردىن پاناھلىنىشقا موھتاج بوپتۇ. ئۇلار نەگە بېرىپ پاناھلىنار ئەمدى؟

Come to me! Said the plant.

مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار! ـ دەپتۇ ئۆسۈملۈك.



I’ am big now! I have a flower.

مەن ھازىر چوڭ بولدۇم! مېنىڭ بىر تال گۈلۈم بار!

I will shelter you all from the rain.

مەن ھەممىڭلارنى يامغۇردىن قوغدايمەن.

Thank you!

رەھمەت ساڭا! (دەپتۇ ھاشارەتلەر)